تىپىك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دەپنە ئادىتىدىكى قەبرىلەر بايقالدى، شەرق، غەربنىڭ بۇيۇملىرى تەڭلا نامايان بولدى

قومۇلدىكى تاڭ دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەرنىڭ بايقىلىپ قېزىلغانلىقى مەدەنىيەتنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى يەنە بىر قېتىم دەلىللىدى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ خەيفېڭ

قومۇل شەھىرى تەۋەسىدىكى لاپچۇق قەبرىستانلىقىنى قېزىش جەريانىدا يەنە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، يانتۇ يوللۇق قەبرىلەرنىڭ بايقىلىشى بۇ خىل تىپىك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دەپنە ئادىتىنىڭ غەربكە تارقىلىش لىنىيەسىدىكى كەمتۈك ھالقىنى تولدۇردى، قەبرىستانلىقتىن يەنە بىرلا ۋاقىتتا كۆپ مىقداردا شەرق، غەربنىڭ بۇيۇملىرى قېزىۋېلىندى، بۇ، تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت، شەرق بىلەن غەربنىڭ بۇ رايوندىكى ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىغا يەنە ئەمەلىي ئىسپات قوشتى.

بۇ قەبرىستانلىق قومۇل شەھىرىنىڭ ئېۋىرغول رايونى قارادۆۋە بازىرى بوستان كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، لاپچۇق قەدىمىي شەھىرى بىلەن ياندىشىپ تۇرىدۇ. بۇ، قومۇل شەھىرىدە تۇنجى قېتىم بايقالغان تاڭ، سۇڭ دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەر. شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، قومۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى لەنجوۋ داشۆ، غەربىي شىمال داشۆسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى يىراقتىن سېزىش ئورنى قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لاپچۇق قەبرىستانلىقىنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قازدى. بۇ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ، ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي رايونىدا يېڭى قېزىش خىزمىتىنى باشلىدى.

يانتۇ يوللۇق قەبرە تىپىك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دەپنە ئادىتىگە تەۋە

لاپچۇق قەدىمىي شەھىرى قەدىمىي يىپەك يولىدىكى مۇھىم جاي، لاپچۇق قەبرىستانلىقى قەدىمىي شەھەرنىڭ يېنىدىكى كەڭ كەتكەن پەلەمپەي شەكىللىك يەرگە جايلاشقان بولۇپ، بىر چوڭقۇر جىرا ئارقىلىق جەنۇب ۋە شىمال ئىككى بۆلەككە ئايرىلغان. «بىز تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ جىرانىڭ شەكىللەنگەن دەۋرىنىڭ قەبرىلەردىن كېيىن ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، جىرا دەريا سۈيىنىڭ يالاپ ئېقىتىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. دەريا سۈيى قەبرىستانلىقنى ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋېتىپلا قالماي، جىرا ئىچىگە توغرا كەلگەن قەبرىلەرنىمۇ بۇزۇپ ئېقىتىپ كەتكەن» دېدى بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيە تۈرىنىڭ يېتەكچىسى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىمى ۋاڭ يۇڭچياڭ.

لاپچۇق قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا يانتۇ يوللۇق قەبرىنىڭ تۇنجى قېتىم بايقىلىشى سۆزسىزكى ئەڭ مۇھىم ھاسىلات. مۇخبىر ئارخېئولوگىيە نەق مەيدانىدا، يانتۇ قەبرە يولىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە، ئايرىملىرىنىڭ شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە ئىكەنلىكىنى كۆردى. يانتۇ قەبرە يولىنىڭ ئېغىزى سەل تار، ئاستى قىسمى بارا ـ بارا كېڭەيگەن بولۇپ، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدىكى لەھەت قەبرە يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقانىدى. «يانتۇ يوللۇق قەبرە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ تىپىك دەپنە ئادىتى بولۇپ، تاڭ دەۋرىدە ئىنتايىن ئومۇملاشقان» دېدى ۋاڭ يۇڭچياڭ تونۇشتۇرۇپ.

ئىگىلىنىشچە، قومۇلنىڭ غەربىدىكى تۇرپان، جەنۇبىدىكى كىروران، شەرقىدىكى دۇنخۇاڭنىڭ ھەممىسىدە كۆپلىگەن يانتۇ يوللۇق قەبرىلەر بايقالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى پەقەت قومۇلدىلا يوق ئىكەن. «لاپچۇق قەبرىستانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش يانتۇ يوللۇق قەبرىنىڭ غەربكە تارقىلىش لىنىيەسىدىكى كەمتۈك ھالقىنى تولدۇردى. قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان كەيىۋەن تۇڭباۋ يارمىقى، تارالما نەقىشلىك قەبرە خىشى قاتارلىق يادىكارلىقلاردىن ھۆكۈم قىلغاندا، دەۋرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ـ ئوتتۇرا مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ» دېدى ۋاڭ يۇڭچياڭ.

نۆۋەتتە، لاپچۇق قەبرىستانلىقىدا 21 يانتۇ يوللۇق قەبرە قېزىلدى. بۇ خىل ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دەپنە ئادىتىنىڭ قومۇلدا بايقىلىشى قەبرىستانلىق يېنىدىكى لاپچۇق قەدىمىي شەھىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق قارىدى: لاپچۇق قەدىمىي شەھىرى بەلكىم تاڭ دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ناجى ناھىيەسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ۋاڭ يۇڭچياڭ مۇنداق قىياس قىلدى: «ناجى ناھىيەسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، تەۋەلىكنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر تۈركۈم ئەمەلدار، ئەلەمدارلارنى ئەۋەتكەن بولۇشى، شۇ مەزگىلدە يەنە بۇ يەردە تىجارەت قىلىدىغان، ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر بولۇشى، ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يۇرتى بىلەن بىردەك دەپنە ئادىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن».

بۇ قەبرىلەردە گەرچە قەبرە تېشى بايقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما خىشتىن ياسالغان قەبرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە دەرىجىسى قەبرىستانلىقتا دەرىجە جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، بۇ نۇقتا قەبرە ئىگىلىرىنىڭ مەرتىۋە، سالاھىيىتىنى نامايان قىلىشقا يېتەرلىك.

ئەجدىھا، يولۋاس نەقىشلىك مىس ئەينەك «بەگ ئەينىكى» تۇنجى قېتىم قېزىۋېلىندى

لاپچۇق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملىرىمۇ بىرقەدەر مول بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى بىر تەرىپىدە «بەگ ئەينىكى» دېگەن ئويما يېزىق بار ئەجدىھا، يولۋاس نەقىشلىك مىس ئەينەك. بۇمۇ شىنجاڭدىن تۇنجى قېتىم قېزىۋېلىنغان مۇشۇ خىل پاسوندىكى مىس ئەينەك.

بۇ مىس ئەينەككە 28 خەنزۇچە خەت ئويۇلغان. ۋاڭ يۇڭچياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «بۇ خىل پاسوندىكى مىس ئەينەك ئىچكىرى رايونلاردا ناھايىتى كۆپ قېزىۋېلىنغان. ئويما يېزىقتا ئېيتىلماقچى بولغىنى بەلكىم ئەينەك ياسىغۇچى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۆز تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى داڭلاش ھەم بەخت ـ سائادەت تىلەش مەنىسى بولسا كېرەك».

«بۇ خىل مىس ئەينەكنىڭ پاسونى شەرقىي خەن، ۋېي ـ جىن دەۋرىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، تاڭ دەۋرىدىكى قەبرىدىن چىقىشىمۇ ناھايىتى نورمال، بەلكىم قەبرە ئىگىسىنىڭ ‹ئائىلە تەۋەررۇكى› بولۇشى مۇمكىن؛ ياكى بۇ خىل پاسوننى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ تەقلىدىي ياساتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئويما يېزىقتىكى ئۈچ خەتلىك ئورۇننىڭ قۇرۇق ئىكەنلىككە كەلسەك، بەلكىم ھۈنەرۋەننىڭ سەۋىيەسىنىڭ چەكلىك بولۇشى ياكى قېلىپ ياسىغان چاغدىكى بىخەستەلىك سەۋەبىدىن، تولۇق ئويۇلۇپ چىقمىغان بولۇشى مۇمكىن».

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا بىرقەدەر مۇكەممەل ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، غەربىي شىمال چېگرا رايونىنىڭ تىنچلىقى ۋە يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى يىپەك يولىنى بويلاپ غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ، شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

شەرق، غەربنىڭ بۇيۇملىرى بىللە قېزىۋېلىندى

لاپچۇق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ئىچىدە ھەم كەيىۋەن تۇڭباۋ يارمىقى، ۋۇجۇ يارمىقى، چاچ زىخچىسى، سىرلانغان قۇتا، ساپال قاچا قاتارلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە يادىكارلىقلار بار، ھەم ساسانىيلار پېرسىيە كۈمۈش تەڭگىسى، قوغۇنچە گىرۋەكلىك ئۈنچە چوڭ ھالقا، قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك، يىڭناغۇچ كۆزلۈك سۈزۈك ئۈنچە، يېشىل تاش قاتارلىق ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادا كەڭ تارقالغان ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بار.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، تىك ئويۇلۇپ يانغا قويۇلغان بىر قەبرىدە ئېغىزىغا ساسانىيلار پېرسىيە كۈمۈش تەڭگىسى سېلىنغان، قولىغا كەيىۋەن تۇڭباۋ يارمىقى تۇتقۇزۇلغان دەپنە ئادىتى بايقالدى. ۋاڭ يۇڭچياڭ مۇنداق دېدى: «تەڭگە پۇلنى ئاغزىغا سېلىپ، قولىغا تۇتقۇزۇپ دەپنە قىلىش ئادىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىچكىرى رايونلاردا خېلى كۆپ بايقالغان، شىنجاڭدا ئاساسلىقى تۇرپاندا ئۇچرايدۇ. بۇ قەبرىنىڭ ئىگىسى يىپەك يولىدىكى سودىگەر بولۇشى مۇمكىن، ئاغزىغا سېلىنغىنى ۋە قولىغا تۇتقۇزۇلغىنى شەرق، غەربنىڭ ئىككى خىل تەڭگىسى بولۇپ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە يۇغۇرۇلۇشى تولۇق نامايان بولغان».

مۇخبىر ئەمدىلا قېزىۋېلىنغان قوغۇنچە گىرۋەكلىك ئۈنچە چوڭ ھالقا بولسۇن، مەيلى نەپىس تاۋۇز شەكىللىك ئۈنچە بولسۇن ياكى چوڭ يۇملاق شەكىللىك ھالقىنىڭ كۆركەم شەكلى بولسۇن ھەممىسىنىڭ روشەن يەرلىك ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ياسىلىش شەكلىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان، ئەينەن شەكىلدە ئىكەنلىكىنى كۆردى، نەپىس قول ھۈنەر ـ سەنئىتى كىشىنى زوقلاندۇراتتى.

قومۇل شىنجاڭنىڭ «شەرقىي دەرۋازىسى» بولۇپ، ئىلگىرى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ئىدى. ۋاڭ يۇڭچياڭ مۇنداق قارىدى: «لاپچۇق قەبرىستانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش شىنجاڭنىڭ تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىكى ئەھۋالىنى ئارخېئولوگىيە، تارىخ، مەدەنىيەت، يىپەك يولى سودىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىشنى يېڭىچە نەزەر بىلەن تەمىنلەيدۇ».

يۇرتنى سۆيۈش شىنجاڭنى سۆيۈش

ئامانگۈل ئىسرائىل:

كوماندىدىن چېكىنسىمۇ خىسلىتىنى يوقاتمىغان ئاياللار پۇتبول كوماندىسىنىڭ باشلىقى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جېڭ يېيۈەن

30 ياش ئادەمنىڭ پىشىپ يېتىلگەن مەزگىلى. ئىلگىرىكى شىنجاڭ ئاياللار پۇتبول كوماندىسىنىڭ باشلىقى ئامانگۈل ئىسرائىل مەيلى قانداق خىزمەت قىلسۇن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئامانگۈل ئاياللار پۇتبول كوماندىسىنىڭ باشلىقلىق خىسلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىدائىي بولۇشنى تەلەپ قىلدى. تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، ماتېرىياللارنى رەتلەش، سانلىق مەلۇماتلارنى يۇقىرىغا يوللاش، ئاھالىلەرنى ئاپىرىپ ئەكېلىش... ئۇ چاقىرغان ھامان يېتىپ كەلدى، ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ، ھارسىمۇ قىلچە ۋايسىمىدى.

ئامانگۈل 1989 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى، بەدەن ساپاسى ئالاھىدە بولغاچقا، ئۇ شاخېيدىكى بىر تەنتەربىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىپ، توپ تېپىشنى ئۆگەنگەن، 16 يېشىدا، شىنجاڭ ئاياللار پۇتبول كوماندىسىغا كىرگەن، 18 ياشقا كىرگەندە، ئۇ شىنجاڭ ئاياللار پۇتبول كوماندىسىدىكى پۇتبول چولپىنىغا ئايلانغان.

ئەپسۇسلىنارلىقى، كەسپىي ھاياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئەمدىلا قەدەم قويغان ئامانگۈل ئارقا ـ ئارقىدىن يارىلىنىپ، بىرقانچە قېتىم دۆلەت كوماندىسىغا كىرىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى. 2008 ـ يىلى، تىزى يەنە بىر قېتىم ئېغىر يارىلانغاندىن كېيىن، يۈرىكى پارە ـ پارە بولغان ئۇ كوماندىدىن چېكىنىشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى سەككىز يىلدا، ئامانگۈل ئىزچىل ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى پۇتبول ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزى مۇسابىقە مەشىقى بۆلۈمىدە ئىختىساسلىقلارنى تاللاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. «مايسا تاللاش ئوتتۇرا مەيداندا توپ تېپىشقا ئوخشاش كېتىدۇ، تۇيغۇ ۋە ھۆكۈمنى سىنايدۇ، بۇ مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئانچە تەس ئەمەس» دېدى ئامانگۈل.

2016 ـ يىلى، ئۇ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى ناھىيەسى ئاناكۆل يېزىسى غولمەھەللە كەنتىگە بېرىپ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتى، شۇ تۇرغىنىچە ئۈچ يىل تۇردى. بۇ مەزگىلدە ئامانگۈل كەنت ئاھالىلىرى بىلەن تاماقتا، يېتىپ قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولدى، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلدى، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمىدى. كەنتتىكى 363 ئائىلىنىڭ يېرىمى نامرات ئائىلە ئىدى. ھەر قېتىملىق ئائىلە زىيارىتىدە ئامانگۈل ئەسلىدە پۈتۈن كەنتتىكى بېيىش ئاساسىي كۈچى بولۇشقا تېگىشلىك «80 ـ يىللاردا تۇغۇلغان»، «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.

ئامانگۈل بولارنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كەلدى. ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ياشلارنىڭ ھەممىسىنى كەنت ئاھالە كومىتېتىغا يىغىپ، ھەر ھەپتىنىڭ سەيشەنبە، پەيشەنبە، شەنبە كۈنى كەچتە ئۇلارغا قانۇن، ماھارەت قاتارلىقلارنى ئۆگەتتى. ئۇ يەنە دەرسلىك كىتاب تېپىپ كېلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئاساسەن ھەربىر سائەتلىك دەرس پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. سەككىز ئايدىن كۆپرەك ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاز ـ تولا ئاساسى بار ئوقۇغۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن «ئۇستىدىن چىقىپ»، ناھايىتى تېزلا ناھىيە بازىرىدىكى تاللا بازىرى، ئاشخانا ياكى زاۋۇت قاتارلىق جايلاردىن خىزمەت تاپتى.

2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئامانگۈل پۇتبول ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىگە قايتىپ كېلىپ، پۇتبول مايسىلىرىنى تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك توپ مەيدانىدا جان تىكىپ تۆھپە قوشۇپ، كەسپىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلماقتا. ئۇ مۇنداق دېدى: «پۇتبول ماڭا ئىنتىپاقلىشىش، جان تىكىپ ئېلىشىش ۋە تۆھپە قوشۇشنى ئۆگەتتى، بۈگۈنكى كۈندە مەن پۇتبول ئىشلىرى ئۈچۈن داۋاملىق ياشلىق باھارىم ۋە كۈچۈمنى تەقدىم قىلىمەن».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يول خەرىتىسىنى ياخشى تۈزۈپ ۋە ياخشى يولغا قويۇپ، قانۇنچىللىق نازارەتچىلىكىنىڭ «شەمشەر»لىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش جەمئىيەت، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن، خۇاچياۋ ـ تاشقى ئىشلار كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى جيا بىن مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك كېڭەشمە دېموكراتىيەسىنىڭ مۇھىم يوللۇق ۋە مەخسۇس كېڭەشمە ئاپپاراتىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چىڭ كۆزلەپ، نىزام چىقىرىشتا كېڭەشمە خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، نىزام چىقىرىشتا كېڭەشمە تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نىزام چىقىرىشتا كېڭەشمىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىمىز. كېڭەشمە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، كېڭەشمە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا كۈچەپ، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ جيەن مۇنداق بىلدۈردى: «ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ، قاراپ چىقىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى بەلگىلەنگەن ھوقۇق چېكى، تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، قانات يايدۇرۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، ۋەزىپە دائىرىسىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قاراپ چىقىپ، تەكشۈرۈپ، ئىنتىزام شەمشىرى بىلەن قانۇن شەمشىرىنى بىرلەشتۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنتىزام بىلەن قانۇننى تۇتاشتۇرۇش، قانۇنلارنى جىپسىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولىمىز».

«بىز شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاساسىي روھىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىمىز ۋە ياخشىلايمىز. مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، قويۇپ بېرىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۈچ خىل ئۇسۇلنى تەڭ قوللىنىپ ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى ياخشىلاپ، ‹ئالاقە تورى+نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش›، ‹ئالاقە تورى+ھۆكۈمەت ئىشلىرى› مۇلازىمىتى، ‹ئالاقە تورى+تەكشۈرۈپ تەستىقلاش› قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەمۇرىيەتنى كەڭ يولغا قويۇپ، ‹بىر توردا ھەممىنى بېجىرىش›، ‹بىرلا ئىشىكتىن كىرىش›، ‹ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش›، ‹توردا بېجىرىش›، ‹يېقىن ئەتراپتا بېجىرىش›، ‹ دەرھال بېجىرىش› قاتارلىقلارنى نورمال ھالەتكە ئايلاندۇرۇپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجادىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك قوزغىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ شىڭفېڭ.

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىر ساقچىسى لى جىنرۇ مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپىنى تولۇق خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتىنى ئاممىنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈپ، خەلق ئاممىسىغا قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ ئادىللىقىنى، ھەققانىيلىقىنى، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ ھارارىتى ۋە كۈچىنى ھېس قىلدۇرىمىز.

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى كىشىنى روھلاندۇردى، بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزگە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.» ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش نازارىتى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش رېۋىزىيە باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى مېي دۇڭ مۇنداق دېدى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى چىڭىتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيمىز.

(مۇخبىر جاۋ جىيۈن، قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ يۈنمېي، لى ياڭ، يۈەن لېي، ياڭ شۇخەن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار شى چيەن، گو شياۋۋېن)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئەجدادلىرىمىزدىن تارقىلىپ كەلگەن مەدەنىيەت مىراسلىرى قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق، بىزنىڭ ئۇنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار.» دولان مەشرەپى ۋارىسى ئىلياس گايىتنىڭ قارىشىچە، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش شەجەرىسى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيىتىگە سىستېمىلىق ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن.

دولان مۇقامى ۋارىسى ئابدۇقادىر مۇسا مۇنداق دېدى: مېنىڭ تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى دولان مەدەنىيىتىنىڭ روھى، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تېخىمۇ كۆپ ۋارىسلارنى تەربىيەلەيمەن.

«دولان مۇقامىنى ئېيتىپ، مەشرەپ ئويناپ، مۇسەللەس ئىچىپ»، دولان مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن شىرزات ئوسمان بۇلتۇر مەركىزىي مۇزىكا شۆيۈەننى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، شۇ جايدىكى ئەڭ ياش ۋارىس بولۇپ قالدى.

«مەن قەدىمىي مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە دولان مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرۈشنى ئويلايمەن.» شىرزات مۇزىكا ئىشخانىسى قۇرۇپ، ئىزدىنىش ۋە سىناشنى باشلىدى.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، مۇھىم مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سىستېمىلىق قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاۋات ناھىيەسى دولان مەشرەپى ۋارىسلىق قىلىش مەركىزى قۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بايلىقى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نەتىجىلىرىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى. «مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى» ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، «پۇقرالار چوڭ سەھنىسى» «يېزا ـ كەنت 100 كۈنلۈك مەدەنىيەت مەيدان پائالىيىتى» قاتارلىقلارغا تايىنىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاۋات ناھىيەسى مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەربىيەلەش بازىسى قۇرۇپ، ھەر يىلى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، ھەربىر غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسىنى يىلدا بىردىن ئۈچكىچە شاگىرت تەربىيەلەشكە تەشكىللەپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن زاپاس كۈچ ھازىرلىدى. 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ دولان مۇقامىنى نۇقتىلىق قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قوغدىدى ھەم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قازدى، توپلىدى ۋە رەتلىدى.

ئاۋات ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گو چاۋ مۇنداق دېدى: «مەدەنىيەت ئىشەنچى تېخىمۇ ئاساسلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان كۈچ. بىز غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سىستېمىلىق قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ كۆپ ئامماباب ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، جۇڭگو روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگو كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز».